**ھەبىبۇللا ئەھەد**

**ئەر، 50 ياش**

1. مېنىڭ ئىسمىم ھەبىبۇللا ئەھەد، 1970- يىلى 15- ئاۋغۇستتا كۇچا ناھىيەسى چىمەن يېزا ئاقتۇر كەنتىدە تۇغۇلغان. 1995- يىلى مەن دىنىي مەكتەپكە بارغانلىغىم تۈپەيلى قولغا ئېلىنىپ كېيىنشتىن قورقۇپ، خىتايدىن قېچىپ كەتكەن. مېنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكىم سەۋەبلىك مېنىڭ ئائىلەم خىتاي دائىرلىرىنىڭ نازارەت قىلىش ھەم جازالاش نىشانىغا ئايلىنىپ قالدى. 2000 - يىلى ئاتا-ئانام مېنىڭ چەتئەلگە قېچىپ كەتكەنلىكىم سەۋەبلىك 15 كۈن تۈتۈپ تۇرۇلدى. 2016- يىلىنىڭ ئاخىرى ھەم 2017- يىلىنىڭ بېشىدا خىتايدىكى بىر ئالاقەم بار كىشىدىن بىزنىڭ ئۆيدىن ئىككى كىشىنىڭ جازا لاگىرىغا ئەۋەتىلگەنلىگىنى ئۇقتۇم. مېنىڭ شۇندىن بېرى، ئائىلە ئەزالىرىم بىلەن بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق بولسىمۇ ھېچ بىر ئالاقەم بولمىدى. مەن ھازىر گېرمانىيىدە ياشايمەن.

**خىتايدىكى كەچۈرمىشلىرىم**

2. 1980- يىلى بىلەن 1995 -يىلىنىڭ ئارىلىغىدا مەن كۇچاردىكى تونۇلغان بىر ئائىلىدە چوڭ بولدۇم. مېنىڭ تاغام يېزىلىق پارتكومنىڭ سېكرېتارى ھەم پارتىيە ئەزاسى ئىدى. مېنىڭ دادام ھۆكۈمەت خىزمەتچىسى يەنى ئاقتۇر كەنتىنىڭ كەنت مۇدىرى بولۇپ 40 يىل ئىشلىگەن بولۇپ كومپارتىيىگە كىرىشنى رەت قىلغان كىشى ئىدى. مەن 1983- يىلىدىن باشلاپ دىنىي مەكتەپكە قاتنىششقا باشلىدىم. چۈنكى 1980- يىلىدىن 1990- يىللىرىغىچە خىتاي ھۆكۈمىتى دىنىي مەكتەپلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇشىغا يول قويغان ئىدى. 1990- يىلىدىن كېيىن دىنىي مەكتەپلەر خىتاي ساقچىلىرىنىڭ نازارىتى ئاستىغا ئېلىنىشقا باشلىغاندا، مەن بۇ مەكتەپكە بېرىشنى توختاتتىم. چۈنكى بۇ چاغدا بۇ مەكتەپ ئوچۇق - ئاشكارە بولماي قالدى. دەل شۇ چاغلاردا مېنىڭ ئەتراپىمدىكى خىتاينىڭ سىياسەتلىرىدىن خەۋەردار بولغان كىشلەر (دادامنىڭ دوستلىرىمۇ بار) خىتاي دائىرلىرىنىڭ دىنىي ئارقا كۆرۈنۈشى بار كىشلەرنى نىشان قىلىپ، زەربە بېرىدىغانلىقى شۇڭا ئۇلارنىڭ مېنى كەلگۈسىدە قۇتقۇزالمايدىغانلىقى ھەققىدە خەۋەر بېرىشتى.

3. 1991- يىلدىن بۇيان كۇچار ناھىيەسىدە ھۆكۈمەتكە قارشى ھەرىكەتلەر يۈز بەرگەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ھۆكۈمەت ئىسلامىي مەكتەپلەرگە بارغانلارنى مەخپىي ھالدا قولغا ئېلىشقا باشلىدى. مەن بەش يىگىتنىڭ سوت ھۆكۈمىگە قاتناشتىم – ئۇلار خېمىت تالىپ، خېلىل ئالتۇن، ئىدرىس ئۆمەر، مەمەت يۇنۇس ۋە ھىمىت مەخسۇم ئىسىملىك يىگىتلەر بولۇپ، ئۇلار ئوغۇرلۇق جىنايىتى ئۆتكۈزدى دەپ تۆھمەت قىلىنىپ، ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى. ئەمىلىيەتتە ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسلام دىنىنى ئۆگەنگەن بولۇپ، ئىسلامىي دىنىي مەكتەپنىڭ ئەڭ ياخشى، ئەلاچى ئوقۇغۇچىلىرى ئىدى. ئۇلار ھېچقاچان جىنايەت سادىر قىلىشمىغان ئىدى. ئۇنىڭدىن سىرت يەنە 1992- يىلى بىلەن 1994- يىلى ئارىلىقىدا كۇچار ناھىيەسىدە نۇرغۇن كىشلەر مەخپىي يوسۇندا قولغا ئېلىندى. ئىسلامىي دىنىي مەكتەپنىڭ ئىككى مەسئۇلىمۇ قولغا ئېلىندى. ئىسلامىي مەكتەپتە بىلىم ئالغان نەچچە يۈزلىگەن ئوقۇغۇچىلارمۇ مەخپىي ھالدا قولغا ئېلىندى. مەن بۇ باللارنىڭ قولغا ئېلىنىشىدىكى سەۋەبنى ئۇلارنىڭ مەكتەپنىڭ مەسئۇلى بولغان كېرەم قارى دېگەن كىشىنىڭ 1990 يىللاردا تارتىلغان نۇتۇقىدىكى سىنئالغۇدا چىقىپ قالغىنى ئۈچۈن دەپ بىلىمەن. ئۇ كىشىنىڭ نۇتۇقى سىياسىي نۇتۇق ئەمەس، بەلكى مۆتىدىل ئىسلام ھەققىدىكى تەشەببۇس ئىدى. ئۇنىڭ نۇتۇقى فىلىمگە ئېلىنىپ، بۇ سىئالغۇ لېنتىسى خىتاي دائىرلىرىگە ئاشكارىلىنىپ قالغاندىن كېيىن بۇ سىنئالغۇدىكى ھەممە كىشى ئېنىقلىنىپ قولغا ئېلىندى. ئۇ كىشى نۇتۇق سۆزلىگەندە، مەنمۇ شۇ مەيداندا ئىدىم. تەلىيىمگە يارىشا، بىر دەرەخنىڭ كەينىدە ئولتۇرغۇنۇم ئۈچۈن مېنىڭ سالاھىيىتىم ئاشكارىلانماپتۇ. بۇ ئىش 1993-1994 يىللىرى يۈز بەرگەن ئىدى. مەن خىتاي دائىرلىرى تەرىپىدىن ھېچقاچان قولغا ئېلىنغان ئەمەس.

4. دادام مېنىڭ كەلگۈسۈم ھەققىدە ئەنسىرەشكە باشلىدى، ھەمدە ئۇ مېنى 1995- يىلى خىتايدىن چەتئەلگە چىقىرىۋەتتى. مەن 1995- يىلى يانۋاردا ئالمۇتىغا كەلدىم. بۇ يەردە ئۇيغۇر جامائىتى بار بولۇپ، مەن بۇ يەردە يېڭى ھاياتىمنى باشلىدىم. 1996- ھازىرقى ئايالىم بىلەن تۇرمۇش قۇردۇم.

**خىتايدىكى ئائىلەم بىلەن بولغان ئالاقەم**

5. 1998- 1999- يىللىرى مەن دادام بىلەن ئالاقە قىلىپ كەلگەن ئىدىم. شۇ چاغلاردا مېنىڭ ئائىلەم «ئىشەنچىسىز ئائىلە» دەپ قارىلىپ، ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ نازارەت ئوبىكتىغا ئايلىنىپ قالغان ئىدى. ھۆكۈمەت ئاتا - ئانامغا مېنىڭ خىتايغا يېنىپ كېلىشىمنى ئېيتىش ھەققىدە بېسىم قىپتۇ. مېنىڭ خىتاينىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتكىنىم سەۋەبلىك ئۇلار 2000 - يىلى فېۋرال بىلەن مارت ئارىلىغىدا ئاتا - ئانامنى 15 كۈن سولاپ قويۇپتۇ. ئاپام قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن قىلىشقان تېلفۇن سۆھبىتىمدە ئاپام ماڭا بۇ ھەقتە ئېيتىپ بەرگەن ئىدى. ھۆكۈمەت يەنە ئاتا - ئانامغا بېسىم قىلىپ، ئۇلارنىڭ ماڭا تېلفۇن قىلىشىنى تەلەپ قىپتۇ. لېكىن ئاتا - ئانام مېنىڭ تېلفۇن نومۇرۇمنى بىلمەيدىغانلىغىنى باھانە قىلىپ، مېنىڭ بىلەن تېلفۇنلىشىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپتۇ. مەن خىتايدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، خىتاي ساقچىلىرى بىر ئايدا ئىككى قېتىم دېگۈدەك بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ تەكشۈرۈپ كېتىدىغان بولۇۋاپتۇ. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق سوئالى مېنىڭ نەدە ئىكەنلىگىمنى بىلىش ئىكەن. بىزنىڭ ئائىلە

«ئىشەنچسىز ئائىلە» دەپ قارالغىنى ئۈچۈن، مېنىڭ قېرىنداشلىرىمنىڭ تىجارەت قىلىش ئىشلىرىمۇ توسالغۇغا ئۇچراپتۇ. مەن 1995- يىلى يۇرتۇمدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، بۇ سەۋەبلىك مېنىڭ ئائىلەم نۇرغۇن ئاۋارىچىلىققا يولۇقۇپتۇ.

6. مەن قازاقىستانغا پاسپورت بىلەن ئەمەس بەلكى ساياھەت ھۆججىتى بىلەن كەلگەن ئىدىم. بۇمۇ مېنى نۇرغۇن ئاۋارىچىلىققا قويدى. قانۇنسىز تۇرۇش بىلەن ئەيىپلىنىپ ئالمۇتىدا تۈرمىدە ياتتىم. 2000- يىلى قازاقىستان بىلەن خىتاي «ئۆز- ئارا ئۆتكۈزۈپ بېرىش كېلىشىمنى» خەلقئارانىڭ بېسىمى بىلەن ئەمەلدىن قالدۇردى. بۇ دەل مېنىڭ ئاتا - ئانام قولغا ئېلىنغان چاغلار بولۇپ، مېنىڭ ئالمۇتىدا قولغا ئېلىنىشىم بىلەن ئۇلارنىڭ خىتايدا قولغا ئېلىنىشىنىڭ مەلۇم باغلىنىشى بار دەپ قارايمەن. مەن شۇ چاغدا بەك كۆپ ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىغان ئىدىم. 2000- يىلى ئاۋغۇستتىن 2001- يىلى مايغىچە بولغان ئارىلىقتا مەن خىتايغا ئۆتكۈزۈلۈپ بېرىلىش خەۋپىدە ياشىدىم. خىتايغا قايتۇرۇلسام نېمە ئىشلار يۈز بېرىدىغىنىدىن قورقۇپ 2001- يىلى 23-ئىيۇلدا مەن گېرمانىيىگە قاچتىم. مېنىڭ ھېچقانداق جىنايىتىم يوق، جىنايەت تارىخىم ھەم يوق، مەن پەقەت ئاددىي بىر دىن ئوقۇغۇچىسى. بۇ كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ يۈز بېرىشى مېنىڭ پەقەتلا ئىسلامىي دىنىي مەكتەپكە بارغىنىم سەۋەبىدىن يۈز بەردى، خالاس.

7. مەن دادام بىلەن بولغان ئالاقىنى تاكى 2015- يىلى ئۇ قازا قىلىپ كەتكۈچە بولغان ئارىلىقتا ساقلاپ كەلدىم. مېنىڭ ئائىلەمدىكىلەر بىلەن ئەڭ ئاخىرقى ئالاقەم 2015- يىلىنىڭ ئاخىرى بولدى. شۇ چاغدا مەن ئائىلەمدىكىلەر بىلەن ئىككى ئايچە داۋاملىق ئالاقە قىلىپ تۇرغان ئىدىم. باشقا تۇققانلىرىم مېنىڭ بىلەن ئالاقە قىلىشتىن قورقۇشتى. ئەمما دادامنىڭ ۋاپاتى مېنىڭ تۇققانلىرىمنى ئۇنىڭ ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرى سەۋەبلىك مەن بىلەن ئىككى ئايچە ئالاقە قىلىشقا سەۋەب بولدى. مېنىڭ خىتايدىكى بارلىق ئالاقەم بىۋاستە تېلفۇن ئارقىلىق بولغان ئىدى.

**خىتايدىكى دوستلىرىم ئارقىلىق ئالاقە قىلىش**

8. مەن ئائىلە ئەزالىرىم بىلەن ئالاقىلىشىشتا، ئۈرۈمچىدىكى دوستلىرىم بىلەن بىۋاستە تېلفۇن ئارقىلىق ئالاقىلىشىپ، شۇلار ئارقىلىق ۋاستىلىق ھالدا ئالاقىلىشىپ تۇردۇم. بۇ ئەھۋال 2016- يىلىنىڭ ئاخىرى ۋە 2017- يىلىنىڭ بېشىغىچە داۋاملاشتى. شۇ چاغدا مېنىڭ دوستۇم بۇ خىل ئالاقىلىشىشنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتىپ، ۋاستىچى بولۇشنى توختاتتى. شۇندىن بۇيان ھېچقانداق ئالاقەم بولمىدى، يەنى ئالاقەم پۈتۈنلەي ئۈزۈلۈپ قالدى.

9. ئۈرۈمچىدىكى بۇ ۋاستىچى دوستۇم ماڭا ئائىلەم ھەققىدە ئۈچۈر يەتكۈزگەن ئىدى. بىرىنچى ئۇچۇر مېنىڭ قىز قېرىنداشلىرىمنىڭ «دوختۇرخانىغا» ئېلىپ كېتىلگەنلىگى بولۇپ، دەسلىۋىدە مەن بۇنى چۈشەنمەپتىمەن. كېيىن مەن ئۇلارنىڭ جازا لاگېرلىرىغا ئېلىپ كېتىلگەنلىگىنى بىلدىم. ئىككىنچى ئۇچۇر مېنىڭ قىز جىيەنلىرىمنىڭ ئەرلىرىنىڭ «پالەچ» بولۇپ قالغانلىقى بولۇپ، بۇنىمۇ مەن دەسلىۋىدە چۈشەنمىگەن ئىدىم. كېيىن مەن ئۇلارنىڭ «مۇددەتسىز قاماققا» مەھكۇم قىلىنغانلىقىنى بىلدىم. مەن دەسلىۋىدە «دوختۇرخانا»، «پالەچ» دېگەن سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمىگىنىم ئۈچۈن ھېلىقى ۋاستىچى دوستۇمدىن يەنە بىر قېتىملىق سۆھبىتىمدە ئۇلارنىڭ مەنىسىنى سورىغان ئىدىم. ئۇ ماڭا خىتاينىڭ دىققىتىنى تارتماسلىق ئۈچۈن ئاشۇنداق سۆزلەرنى ئىشلەتكىنىنى دەپ چۈشەندۈرۈش بەرگەن ئىدى. ھەمدە مېنىڭ ئۇنىڭغا تېلفۇن قىلماسلىقىمنى ھەم تەلەپ قىلدى. بۇ مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ئاخىرقى قېتىم سۆزلىشىشىم بولۇپ، شۇندىن بۇيان خىتايدىكى ھېچكىم بىلەن ئالاقەم يوق.

**نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت**

10. 2003- يىلىدىن بۇيان يەنى مەن گېرمانىيىگە كەلگەندىن بۇيان، 2005- يىلى مەن دۇكان ئاچتىم ھەمدە ئىزچىل باج تۆلەپ كېلىۋاتىمەن. مېنىڭ ھېكايەمنى ئېيتىشىمدىكى سەۋەب – مەن ئەركىن دۇنيادا ئىنسانىي ھەق-ھوقۇقلىرىمدىن بەھرىمان بولۇپ ھۆر ياشاش ئۈچۈن ھاياتىمدا نۇرغۇن بەدەللەرنى تۆلىدىم.

11. مېنىڭدىن باشقا ھەممە تۇققانلىرىم خىتايدا. مېنىڭ ئالتە بىر تۇققان قېرىندىشىم، يەنى ئىككى ئاكام، ئىككى ئاچام، بىر ئىنىم ھەم بىر سىڭلىم بار. ھازىر ئۇلارنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە ھېچنېمە بىلمەيمەن. مېنىڭ ئائىلەمدىكىلەر دىنىمىزغا ئەمەل قىلىدىغان بولۇپ، ئاكا-ئۇكام ساقال قويياتتى، قىز قېرىنداشلىرىم ھىجاپ ئارتاتتى. ئۇنىڭدىن سىرت مېنىڭ بىر تۇققان قېرىنداشلىرىمنىڭ بىر نەچچىدىن باللىرى بار ئىدى. بۇ ئالامەتلەرنىڭ ھەممىسى خىتاي دائىرلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنى جازا لاگېرلىرىغا سولىشىغا سەۋەب بولغان ئامىللار ئىدى. مانا مۇشۇلارغا ئاساسلىنىپ مەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى جازا لاگېرلىرىغا سولاندى ياكى تۈرمىگە تاشلاندى دەپ قارايمەن. دىمەك 36 ئۇرۇق - تۇققىنىم ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرىمەن.